“مۇۋەپپەقىيەت ۋە پاراسەت” كە دائىر كىتابچىلار



# ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى

سامۇئىل سمىلس



مىللەتلەر نەشرىياتى

"مۇۋەپپەقىيەت ۋە پاراسەت" كە دائىر كىتابچىلار

# ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى

ساموئىل سمايلس

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

斯迈尔斯论成功/（美）斯迈尔斯著；哈得尔·阿尔斯兰译．—北京：民族出版社，2002．4

ISBN 7-105-05014-4

Ⅰ．斯… Ⅱ．①斯… ②哈… Ⅲ．成功心理学-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．B848．4

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2002）第 022358 号

**责任编辑**：热沙来提·阿不拉
**责任校对**：茹仙阿不都热依木
**封面设计**：刘家峰
**出版发行**：民族出版社　　电话：010-64290862
**网　　址**：http：//www．e56．com．cn
**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　　邮政编码：100013
**排　　版**：博海排版中心
**印　　刷**：迪鑫印刷厂
**经　　销**：各地新华书店
**版　　次**：2002 年 4 月第 1 版　　2002 年 4 月北京第 1 次印刷
**开　　本**：850×1168 毫米　1/32
**印　　张**：2.5
**印　　数**：0001—4000 册
**定　　价**：3.80 元

本书根据中国档案出版社 2001 年 5 月 1 日版第 1 次印刷版本编译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو ئارخىپ نەشرىياتى 2001-يىل 5-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن قىسقارتىپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا

مەسئۇل كوررېكتور: روشەن ئابدۇرېھىم

كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: دولقۇن قادىر

# ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى

## (قادىر ئارسلان تەرجىمىسى)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى

ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ

پوچتانومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى :64290862-010

تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى

تور ئادرېسى : http://www.e56.com.cn

باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى

ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

نەشرى : 2002-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

بېسىلىشى : 2002-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

ئۆلچىمى : 850×1168مم . 32 كەسلەم

باسما تاۋىقى : 2.5

سانى : 0001—4000

باھاسى : 3.80 يۈەن

# كىرىش سۆز

«پەقەت ماشىنىلارغىلا ئىنتىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، بىز ئىدىيىنىڭ قىممىتىگە سەل قارىساق بولمايدۇ. ياش ئەۋلادلارغا تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى: يەنە ئۇلارنى تەربىيىلەپ ئالىيجاناب ئىدىيىگە ئىگە، سەممىي ۋە راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئوغۇل ـ قىزلارغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم؛ ئۇلاردا قابىلىيەت يېتىشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتنىمۇ يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم... بۇ ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى ساغلاملىقىغا پايدا يەتكۈزۈش قىممىتىگە ئىگە كىتاب.»

— «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى

سامۇئىل سمىلس (1812 — 1904) ئەنگلىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئەخلاقشۇناسى، مەشھۇر ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىسى ۋە نەسىر يازغۇچىسى. ئۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بۇرچى جەھەتتىكى چوڭقۇر ئىدىيىسى بىلەن «غەرب مۇۋەپپەقىيەت ئىلمىنىڭ ئاتىسى»، «كارنىگىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى» دەپ نام ئالغان.

سمىلس 1812 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شوتلاندىيىنىڭ ئېدىنبۇرگ شەھىرى يېنىدىكى خادىڭتوندا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۆمۈر كەچۈرمىشلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دوختۇر، سودىگەر، فوتوگراف، نەسىرچى، تارىخشۇناس، مۇخبىر، مۇھەررىر، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى، تۆمۈر يول مىنىستىرى، ئاممىۋى ئەخلاقشۇناس، ناتىق بولغان. بۇ مول كىشىلىك تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ ئىنسان خاراك-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

تىرىدىكى ياخشىلىق ۋە رەزىللىكلەر، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇپ بولۇشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆزىتىشى ھەممە ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى پۇختا ئۇل سالغان.

1856 - يىلى، ئۇ «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش» ناملىق كىتابىنى يېزىپ، 1859 - يىلى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى قانداقتۇر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر قېتىملىق ئىشنىڭ ئىلھامى بىلەن پەيدا بولغان ئەمەس ئىدى. ئەينى چاغدا، سمىلس قىيىنچىلىقتا ئۈچراپ ياردەمسىز قالغان ياشلارغا كىشىلىك تۇرمۇش مەسىلىلىرى توغرىسىدا بىرنەچچە قېتىم لېكسىيە سۆزلەپ بەرگەنىدى، بۇ لېكسىيەلەرنىڭ ھەممىسى بۇرۇن خۇلېرا كېسەلخانىسى قىلىنغان بىر جايدا سۆزلەنگەنىدى. لېكسىيە سۆزلەش جەريانىدا، سمىلس ئۇلارغا مۇنۇلارنى بىلدۇرۇشكە تىرىشتى: كىشىلىك تۇرمۇش مۇساپىسىدە، كىشىلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆز تىرىشچانلىقىغا — ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلىشى، ئۆز - ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇشىغا باغلىق بولىدۇ، لېكىن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ سەممىيلىكىگە، دۇرۇسلۇقىغا ۋە ئېگىلمەي - سۇنماي ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشىغا باغلىق بولىدۇ. دەل مۇشۇ پەزىلەتلەر ئىنسانلاردا قەتئىيلىك، جۇرئەتچانلىقتەك ئىنساني پەزىلەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇ نۇتۇقلارنىڭ ئۇنۇمى سمىلسنىڭ ئالدىن قىلغان مۆلچەرىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن ياشلار ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىن ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، مەسئۇلىيەتچان ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان بەزى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاتاقلىق ئەربابلار ئۆز ھاياتىدا قازانغان كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاشۇ لېكسىيەلەرنىڭ بەرگەن ئىلھامىغا مەنسۇپ قىلدى، ئۇلار ھەتتا سمارسىنىڭ ئاشۇ لېكسىيىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئۆز ھاياتىنىڭ «مەنىۋى ئۇستازى» بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىشتى.

بۇ خىل مەنزىرىنىڭ رىغبىتىدە، سمىلس يۇقىرىدا ئېيتىلغان تېمىدا كىتاب يېزىشقا تەرەددۇت قىلدى، چۈنكى كىتاب ئاغزاكىي بايانغا قارىغاندا

تېخىمۇ كەڭ تارقىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەر كۈنى كۈندۈزدىكى پارچە- پۇرات ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كەچلىك بوش ۋاقىتلىرىنى كىتاب يېزىشقا سەرپ قىلدى. كىتابقا «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش» دېگەن نامنىڭ قويۇلۇشى ئەينى چاغدا ئاپتور ئاساسىي تېمىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق سۆزنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغانلىقتىن بولدى. «ئۆزئارا ياردەم بېرىش»مۇ «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش»قا ئوخشاش ناھايىتى ياخشى سۆز بولسىمۇ، بىراق بۇ سۆزنى ئىشلەتمىدى.

«ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش» ناملىق كىتاب 1859 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەنگلىيىدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، كۈتۈلمىگەن قارشى ئېلىش ۋە ئالقىشقا ئېرىشتى. شۇ يىلىنىڭ 11 ـ ئېيىدا، بۇ كىتاب ئەنگلىيىدە ئۇدا تۆت قېتىم قايتا نەشر قىلىندى؛ ئارقىدىنلا ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە نەشر قىلىندى، ئەڭ يىراق بولغاندا ھىندىستان ۋە ياپونىيىدىمۇ نەشر قىلىندى.

لېكىن، ئاپتور بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى، بەلكى يېڭى كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. 1871 ـ يىلى، ئۇنىڭ «ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ قۇدرىتى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ كىتابتا، ئاپتور كىشىلىك دۇنيادا ياشاپ ئۆتكەن ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئالىيجاناب ۋە سەلتەنەتلىك كىشىلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ياشلار ئالدىدا نامايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالماقچى بولغانىدى. بۇلار ياش ئەۋلادلارنىڭ ئالىيجاناب مەنىۋىيىتىنىڭ تەربىيىلىنىش مۇساپىسىگە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى.

«بەزى كىشىلەر، — دەيدۇ ئىزاك دىسلېلى ئەپەندى، — يازغۇچىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىنى چۈشىنىپ يۈرمەي، پەقەت ئۇنىڭ كىتابىنى ئوقۇشنىلا تەشەببۇس قىلىدۇ. ھالبۇكى، مەن دائىم يازغۇچىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشى ئۇنىڭ ئەسىرىگە قارىغاندا بەكرەك قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى بايقايمەن.» بۇ سۆز دەل سمىلسنىڭ ئەسىرىنىڭ مەنتىقىسىگە قارىتا ئېيتىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى ئۆز ئەسىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىپ، ياشلارنى يۈقىرى ئۆرلەشكە ئىلھاملاندۇرغان.

سىبلس ئۆز ئۆمرىدە يىگىرمە نەچچە پارچە كىتاب يازغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەنلىرى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختكە، شۇنداقلا ۋىجدان، ئېتىقاد، ئەركىنلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردۇر. بۇ جەھەتتە ئەڭ مەشھۇرلىرى «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش»، «ئەخلاق ــ پەزىلەتنىڭ قۇدرىتى»، «پۇل ۋە كىشىلىك تۇرمۇش» ۋە «كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بۇرچى» دىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىگە سىڭدۇرۇلگەن ئىدىيە غەربتىكى، ھەتتا دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ يېقىنقى زامان ئەخلاق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن. بۇ كىتابلار يۈز يىلدىن بۇيان پۈتكۈل يەر شارىدا بازارلىق كىتاب بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ياشلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش دەرسلىكى بولۇپ كەلمەكتە.

سىبلسنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى كىتابچىلىرىدا ئاساسەن كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە بەختكە ئېرىشىشنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار مۇھاكىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق دەۋر، ھەرقانداق جەمئىيەتتە بولسۇن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان تەۋرەنمەي كەلگەن ئېسىل ئەخلاق ئەنئەنىلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلىنىۋېتىلمەسلىكى كېرەك، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ، بۇ قەدىمىي ئېسىل ئەخلاق ــ پەزىلەتلەرگە رىئايە قىلغاندىلا، كىشىلەر ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە نەتىجىگە ۋە بەختكە ئېرىشەلەيدۇ.

«ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش» — سىبلس يازغان تۇنجى كىتاب. بۇ كىتابتا، ئاپتور ئۆتكۈر كۆز، يۇمۇرلۇق ئۇسلۇب بىلەن نامرات، تۆۋەن تەبىقىدىن چىققان، قاتمۇقات قىيىنچىلىق ئىچىدە يار ــ يۆلەكسىز قالغان كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىپ جاپا ــ مۇشەققەتكە چىداپ، ئېگىلمەي ــ سۇنماي، ئۆز ــ ئۆزىنى تەربىيىلەپ، سەممىي، ئادىل، چىن دىلدىن مېھرىبان بولۇپ، تىرىشچانلىق ــ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ياشاپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ــ تۈمەن قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ــ خەتەرلەرنى

يېڭىپ، ئاخىرىدا شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقىغا دائىر ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، نۇرغۇن ھېكايىلەر ئادەمنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپ، ئىختىيارسىز ياش تۆككۈزىدۇ.

كىتاب نۇرغۇن ئاپتورلارنىڭ ئىدىيە ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان پاراسەت كۆزنەكلىرىگە تولغان، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى ياقۇتتەك قىممەتلىك بولۇپ، كىشلەرگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

بۇ كىتابنىڭ مەقستى قەدىمىي ۋە ساغلام بولغان نۇرغۇن ساۋاقلارنى يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياشلارغا: خۇشاللىققا ئېرىشىش ئۈچۈن قېتىرقىنىپ ئىشلەش كېرەك؛ ئەمەلىيىتىدە ئىشلىمەي ۋە ئەجىر قىلماي تۇرۇپ، ھەرقانداق گۈزەل ۋە قىممەتلىك ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولماي- دۇ؛ ياشلار قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ كەتمەسلىكى، بەلكى سەۋرچان ۋە چىداملىق بولۇپ ئۇنى يېڭىشى كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تەلىملەر ئىچىدە ئالدى بىلەن رېئايە قىلىشقا تېگىشلىكى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئەخلاقىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك، ئۇ كەم بولسا، قابىلىيەت بىر تىيىنغە ئەرزىمەيدۇ، پۈتۈن ئۆمرىدىكى مۇۋەپپەقىيەت- لىرى نۆلگە تەڭ بولىدۇ، دېگەن تەلىمدۇر.

«ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ قۇدرىتى» ناملىق كىتابتا، ئاپتور ئەخلاقنىڭ بىر كىشى، بىر دۆلەت ۋە بىر مىللەتكە بولغان ئەھمىيىتىنى ئانالىز قىلغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، قايسى مىللەتتە ئەخلاقنىڭ تۈتۈپ تۇرۇش رولى كەمچىل بولىدىكەن، ئۇنىڭداقتا ئۇنى ھالاك بولىدىغان يەنە بىر مىللەت، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. مۇبادا قايسى مىللەت ساداقەتمەن، سەمىمىي، دۇرۇس ۋە ئادىل بولغان گۈزەل ئەخلاقنى ئىزىزەتلىمەيدىغان ۋە جارى قىلدۇرمايدىغان بولسا، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئەخلاقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش سۆزلەنگەن چاغدا، كىتابتا ئائىلە بىر كىشىنىڭ ئەخلاقىنى يارىتىدىغان تونجى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم مەكتەپ، دەپ قارالغان. ھەربىر ئادەم دەل ئۆز ئائىلىسىدە ئەڭ ياخشى ياكى ئەڭ يامان بولغان ئەخلاقنىڭ تاۋلىنىشىغا ئۇچرايدۇ. «مىللەت-

نىڭ گۈللىنىشى يەسلىدىن باشلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، باللارنى باشقۇرىدىغان، تەربىيلەيدىغان كىشلەرنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى دۆلەتنى باشقۇرغان كىشلەر كۆرسەتكەن تەسىردىنمۇ چوڭقۇر بولىدۇ.» سىمپلسنىڭ قارىشىچە، ئاياللارنىڭ تەربىيلىنىشى بىر مىللەتنىڭ تەربىيلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئەرلەرنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە مەنىۋى كۈچى پەقەت ئاياللارنىڭ ئەخلاقىي پاكلىقى ۋە زېھنىي تەربىيلىنىشى جەريانىدىلا ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەت ۋە مەدەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئاپتور ئائىلىنىڭ تەربىيلىشىدىن باشقا، ئەمگەك مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختىنىڭ ئاساسى، ھەرقانداق ئۇلۇغ ئەخلاق، باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان قابىلىيەت ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇ كۈندىلىك كىچىك ئىشلارنىڭ جۇغلىنىشىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىغان.

كىتابتا، سىمپلس ئاياللار، ئوقۇتقۇچىلار، ئەمگەك، باتۇرلۇق، بۇرچ، سالاپەت، مۇھەببەت، قىيىنچىلىق قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئەخلاقنىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولغان غايەت زور مەنىۋى كۈچنى مۇھاكىمە قىلغان.

يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتتە، ئۇ يېقىملىق، تەبىئىي بولغان، ئۆزىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ بۇيرۇقۋازلىق قىلمىغان، ۋەز ئوقۇمىغان، قۇرۇق گەپ قىلمىغان، بەلكى جانلىق مىساللار بىلەن مېغىزلىق شەرھىنى مۇكەممەل بىرلەشتۈرگەن.

ئاپتور «كىشلىك تۇرمۇشنىڭ بۇرچى» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېگەن: « كىشلەر پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىمايدۇ. ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشاشتىن باشقا، يەنە باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈنمۇ ياشايدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى بولىدۇ، بايلارمۇ، كەمبەغەللەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بەزى كىشلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھايات كۆڭۈللۈك بولىدۇ؛ يەنە بىر قىسىم كىشلەر ئۈچۈن، ھايات ئازابتىنلا ئىبارەت. لېكىن، ئەڭ قىممەتلىك ھايات ھەرگىز ئۆزىنىڭ راھىتىنىلا ئىزدەش بىلەن ئۆتىدىغان ھايات ئەمەس، ھەتتا شان ــ شۆھرەت قازىنىشقىلا بېرىلىپ كېتىدىغان ھاياتمۇ ئەمەس، بەلكى ھەربىر ياخشى ئىشنى بەجانىدىل ۋە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، جەمئىيەتكە ئۈمىد

ۋە پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ھاياتتۇر.»

كىشىلىك ھاياتنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ ۋۇ-جۇدىدىكى قابىلىيەتنى ئېچىشىمىز ۋە تەربىيىلىشىمىز لازىم. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئالدى بىلەن ۋىجداننى تەربىيىلەش ۋە ئەركىنلىك ئۇستىدە ئىزدىنىش لازىم. ۋىجدان پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ كىشىلەرنى ئىنسانلارغا ئەڭ ئەھمىيەتلىك خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ياراتماقچى بولغان كىشىلەر ئەركىنلىككە موھتاج بولغىنىدەك، ئاممىۋى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئەركىنلىك ئىچىدە ياشىشى كېرەك. پەقەت كۈچلۈك مەنىۋى ئىرادە بولغاندىلا، ئاندىن جانلىق بولغان كۈچ ـ قۇدرەت بارلىققا كېلەلەيدۇ.

ئەگەر بىر كىشى ئۆز زىممىسىدىكى بۇرچنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئېيتالايدۇ. لېكىن، بۇرچنى ئادا قىلىش جەريانى ئاسانلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس، نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ، پەقەت كۈچلۈك ئىرادە بولغاندىلا ئاندىن جانلىق بولغان كۈچ ـ قۇدرەت پەيدا بولىدۇ.

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بارلىق ئۇلۇغۋار نەتىجىلەر ئۇلۇغۋار مىراسلار-دۇر، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇلاردىن ئالىدىغان مەنپەئىتى پۈتمەس ـ تۈگىمەستۇر. ئالدىنقىلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى چۈشىنىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىدە قانداق نەتىجىلەرنى يارىتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىر ئۇلۇغۋار كىشىلىك ھايات ئۆمۈرنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئاياغلىشىمۇ، بىراق ئۇ ئىنسانىيەت كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە چاقناپ تۇرىدۇ. كىم كىشىلىك ھايات بۇرچىنىڭ يۇكسەك چوققىسىغا چىقالايدىغان بولسا، شۇ كىشى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەت تۆپىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەرباب بولۇپ قالىدۇ.

20 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئىجتىمائىي تەنقىدچى ۋە تارىخچى ئاشا برىگىس ئۆز ھاياتىدىكى كۆپ قىسىم زېھنىنى ساموئېل سمىلسنى تەتقىق



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قىلىشقا سەرپ قىلغان. ئۇ سىمپلىس ئەپەندىنىڭ يېقىنقى زامان ئەخلاق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىلىرىنى ئىنتايىن جايىدا يەكۈنلىگەن: «ھەربىر جەمئىيەت، ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆز ئەخلاق تارقاتقۇچىسى بولغىنىدەك، غەربنىڭ يېقىنقى زامان دەۋرىدە شۇنداق بىر تۈركۈم ئادەملەر مەيدانغا چىقتى، سىمپلىس دەل مۇشۇ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر، شۇنىڭدەك ئەڭ ئۆزگىچە ئادەم. ئۇنىڭ باشقا ئەخلاقشۇناسلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، كۆزقارىشى ئاما ياقتۇرىدىغان شەكىل ئىپادىلەنگەن بولۇپ، قىلچە تەتقىقات پۇرىقى يوق.»

«سىمپلىس غەرب يېقىنقى زامان سانائەت مەدەنىيىتى باشلانغاندىن بۇيان ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئۇلۇغ ھەم مۇنەۋۋەر ئامىللار، شۇنداقلا بۇ ئامىللارنىڭ ھازىر زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشى جەھەتلەردە ئوينايدىغان رولىنى مۇپەسسەل بايان قىلىپ، بۇ گۈزەل ئىنسان تەبىئىتى ئامىللىرىنى نامايان قىلغۇچى تارىخىي باش قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يارىتىپ بەرگەن. سىمپلىسنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋاقىت ۋاكۇئۇمىدىن ھالقىپ كەتكەن؛ ئۇنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى خۇددى ‹ئىنجىل›دىكى پەند ـ نەسىھەتلەرگە ئوخشاش مەڭگۈ تارقىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق دەۋر، ھەرقانداق جەمئىيەتتە تارقىلىپ، ئېتىقاد قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئەمەل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.»

سىمپلىسنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي ـ ساددا، ساپ، ئىخچام، روشەن، يۇمۇرلۇق ھەم ئاجايىپ نەپىس. ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى بۇ كىتابچىلىرى تولىمۇ ئاددىي ـ ساددا، يەنە كېلىپ كىشىگە قاتتىق تەسىر قىلىدىغان قەلب ساداسىغا ئوخشاش بولۇپ، ئوقۇسىڭىز خۇددى باھار شامىلىدەك يېقىملىق تۇيۇلىدۇ، سىزنى تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەنگلىيىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلەشكە سازاۋەر بولغان. مەسىلەن، سىمپلىسنىڭ ئىدىيە ئۇچقۇنلىرىدىن چاچرىغان نۇرغۇن پاساھەتلىك پەند ـ نەسىھەتلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر مىسىر ھۆكۈمرانى خاتىفنىڭ كۆركەم-

ھەيۋەتلىك قەسرىنىڭ تاملىرىغا ئويۇلغان. مىسىرغا ساياھەتكە بارغان بىر ئەنگلىيىلىك خانىم: «تاملىرىڭىزدىكى بۇ پەند - نەسىھەتلەر «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغانمۇ؟» دەپ سورىغاندا، خانىم: «ياق، ئۇلار سىمايلىسىنىڭ... ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان. سىمايلىسنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى گېراسىيانىڭ «پاراسەتنامە»دىكى پەند-نەسىھەتلىرىنىمۇ ئېسىل» دەپ جاۋاب بەرگەن.

شەرقتىكى ھىندىستان، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە، سىمايلىس ئەسەرلىرىدىكى كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان، ئىختىيارسىز ياش تۆككۈزىدىغان نۇرغۇن ھېكايىلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىنغان. بۇ دۆلەتلەردە تا ھازىرغا قەدەر سىمايلىسنىڭ كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى كىتابچىلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولماقتا. 1871 - يىلى، «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش» ناملىق كىتاب ياپونىيىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بىر مىليون بەش يۈز مىڭ پارچىدىن ئارتۇق سېتىلىپ، ياپونلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابى بولۇپ قالغان. 1996 - يىلىدىكى خەلق رايىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇنىڭ ياپونىيە خەلقىنىڭ تەقدىرىگە قارىتا تەسىرى ئەڭ زور بولغان كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

بۇ كىتاب 1871 - يىلى ئەنگلىيىدە دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، نۇرغۇن دۆلەتلەردە ھەر يىلى داۋاملىق قايتا نەشر قىلىنىپ، پۈتكۈل يەر شارىدا بىر يۈز ئوتتۇز يىل بازارلىق كىتاب بولۇپ، يۈز مىليونلىغان خەلقتە ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەت يارىتىپ، «مەدەنىي تەربىيىلىنىشنىڭ كلاسسىك قوللانمىسى»، «ئىنسانىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرىدىغان «ئىنجىل»» دەپ نام ئالغان.

*«سىمايلىس ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابى شۇنى بىلدۈردىكى: بىزنىڭ ئاجىز، شۇنىڭدەك مۇكەممەل بولمىغان ئىنسان تەبىئىتىمىزنى شۇ قەدەر ئالىيجاناب روھ ۋە ئەخلاق مەنزىلىگە يەتكۈزگىلى بولىدىكەن! شۇ قەدەر ھەققىي ۋە ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتكە تەرەققىي قىلدۇرغىلى ھەم ئىگە قىلغىلى*

بولىدىكەن!... بۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى ئىككى بابى كىشىلىك ھاياتتىكى ئەقىل - پاراسەتلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى يىغىنچاقلىغان بولۇپ، كىشىلەر ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىنسانلارنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئائىلىۋى ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.»

— «نيۇ يورك گېزىتى»

«ئاپتور ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى غايەت زور قىممىتى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ بىزنى ئالىيجاناب، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ھاياتىغا پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ئاگاھلاندۇرغان. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىغا يوشۇرۇنغان قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ۋاقىت ۋاكۇئۇمىدىن ھالقىپ كەتكەن، ئۇ مەزكۇر كىتابنى ئوقۇغان كىشىلەرگە خۇددى كىشىلىك ھاياتتىكى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشاش مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.»

— «تايمس گېزىتى»

«بۇگۈنكى كۈندە، كىشىلەر پۇل مەسىلىسىدە ناھايىتى كۆپ بىمەنە چۈشەندۈرۈش ۋە چارىلەرگە يولۇقماقتا. سىمپلس ئەپەندى ئۆزىنىڭ مول كىشىلىك تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۆزگىچە نەزىرى بىلەن بىزنى ناھايىتى قىممەتلىك كۆزقاراش ۋە مىساللار بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ بىزنىڭ بۇ ساھەدىكى تاللىشىمىزغا ۋە ھەرىكەت ئەندىزىمىزنى ياخشىلىشىمىزغا ياردەم بېرىشى مۇمكىن.

سىمپلس ئەپەندى ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە ئەخلاق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم ئەتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى باتۇرلۇق، تىرىشچانلىق، سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئادىل بولۇش، مېھرىبانلىق قاتارلىق ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئوقۇغاندىن كېيىن كىشىلەردە كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ۋە ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى-

دىكى ھەربىكەتلەندۇرگۈچ كۈچنى قوزغىتالايدۇ.»

— ئەنگلىيە «كۆزەتكۈچى» گېزىتى

«سىمپلىس ئەپەندىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش كىتابچىلىرىنىڭ مىليونلىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئەجابىي، پايدىلىق تەسىرىنى مۆلچەرلەش قىيىن. بۇ كىتابچىلارنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىي، ساغلام، شۇنىڭدەك كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ.»

— «خاپپو ئائىلىق ژۇرنىلى»

# مۇندەرىجە

## ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش


1. ھاياتتا ئۆز ئورنىنى تاپقانلارنى تەگرىمۇ يۆلەيدۇ ………… (2)
2. كەسپىي ساھەنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەن داھىيسى … (4)
3. تەگرى ئىشچانلارغا ئىنئام بېرىدۇ ……………………… (6)
4. جاپا ـ مۇشەققەت تاۋلىغان ئۇلۇغ سەنئەتكار ………… (7)
5. ئىشچانلىقتىن ئىبسلزادە چىقىدۇ ………………………… (8)
6. كۈچ ـ قۇدرەت ۋە جاسارەت …………………………… (9)
7. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۇلۇغ سودىگەر ………………… (10)
8. پۇلنى جايىدا ئىشلىتىش ۋە قالايمىقان ئىشلىتىش ……… (13)
9. ئۆز ـ ئۆزىگىزنى تەربىيلەش ھاياتىگىزنى چاقناتقاي …… (14)
10. ھەرىكەت — كۈچ ……………………………………… (15)
11. ئەخلاق ـ پەزىلەت ھەقىقىي مۆتىۋەرنى يارىتىدۇ ……… (16)


## ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ قۇدرىتى


1. ئەخلاق ـ پەزىلەت — ئىنسان ۋە مىللەت كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ئەنبەسى…………………………………………… (20)
2. ئاياللارنىڭ ساپاسى مىللەتنىڭ ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ …… (23)
3. ئەۋلىيا سۈپەت كىشى ھەر دەۋرنىڭ ئۇستازى بولالايدۇ ……(25)
4. ئەمگەك — مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختنىڭ دەسمايىسى……… (27)
5. جاسارەت «پەيتى ئەمەس» دېگەن تەرسالىقتىن كېلىدۇ … (29)
6. ئۆزىنى باشقۇرۇشنى بىلىش جىمى گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ

ئۆلى ................................................ (32)
7. بۇرچنى ئادا قىلىش ئاددىي، ئەمما يارقىن كىشىلىك ھاياتنى
يارىتىدۇ ................................................ (34)
8. مۇلايىم مىجەز — پۇتمەس كۈچ ................................................ (36)
9. سالاپەت — قەلبنىڭ ئەينىكى ................................................ (38)
10. ئۇلۇغۋار مۇھەببەت ئۇلۇغۋار كىشىلىك ھاياتنى
يارىتىدۇ ................................................ (40)
11. قىيىنچىلىقنىڭ چىنىقتۇرۇشىدىن ئالىيجاناب ئەخلاق ـ
پەزىلەت پەيدا بولىدۇ ................................................ (43)

## كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بۇرچى

1. ۋىجدان ۋە ئەركىنلىك — مەسئۇلىيەت ۋە پەزىلەت
ئۈسۈپ يېتىلىدىغان تۇپراق ................................................ (48)
2. قۇدرەتلىك مەنىۋى ئىرادە بولغاندىلا، ئاندىن ھەركەت
كۈچى پەيدا بولىدۇ ................................................ (49)
3. ھالال، سەمىمي بولۇش جان بېقىش يولىدۇر ................................................ (51)
4. ئۆزىنى سېتىشنى رەت قىلىدىغان ئادەم ................................................ (52)
5. جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان جاسارەت ۋە چىداملىقلىق
بىلەن زوراۋانلىق ھەم ئۈچمەنلىكنى تۈگىتىش ................................................ (53)
6. ھەقىقىي قەھرىمان ................................................ (54)
7. ھېسداشلىق بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ ................................................ (55)
8. ئۇلۇغ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگۈچى ................................................ (57)
9. ئىي ئىنسانىيەت، ھايۋانلارنى ياۋۇزلۇق بىلەن خورلىشىڭنى
توختات ................................................ (58)
10. ھەربىر كىشى ئۆز سۆز ـ ھەرىكىتىگە مەڭگۈ مەسئۇل
بولۇشى لازىم ................................................ (60)
11. روھىمىزنى نام ـ ئاتاق تۇرمىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقايلى ...(61)



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com